**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

# جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش

## ـــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى قوزغاپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كاللىغا، قەلبكە سىڭىشىگە، جايىدا، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى ئاساسىي قاتلامغا ھەقىقىي يەتكۈزدى.

يېقىندا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوخې سانجى ئوبلاستىنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىدىن لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. لېكسىيەدە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق تونۇش، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشىدىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي ھۆكۈمنى ئىلمىي تونۇش، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىي تەلىپىنى چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈردى.

«پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى.» سانجى ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى فۇ جياڭ مۇنداق بىلدۈردى: دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «دۆلەت كۈچى قۇدرەتلىك، خەلق باي، ئىشەنچ تولۇپ تاشقان بولۇش» يېڭى نىشانىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يىرىك پىلانىنىڭ ئىلمىيلىكى، يېتەكلەشچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ خۇڭشۈن 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئورقۇ بازىرىغا كېلىپ، پارتىيەلىك كادىرلار، كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىگە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

«ئومۇمىي يىغىندا ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەقسىتى ۋە مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسى تولۇق نامايان قىلىندى.» ئورقۇ بازىرى چىغانلىق كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى جاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتەك مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت زىممىمىزگە يۈكلەنگەن، بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز. نۆۋەتتە، ‹غەربىي قىسىمدىكى ۋۆجېن بازىرى› تۈرى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، كېلەر يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، تەۋەلىكتىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى يەنىمۇ ئاشىدۇ».

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش لېكسىيە ئۆمىكى بۆلۈنۈپ ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى ياڭ سىچېن بورتالا ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ياڭ سىچېن «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى جانلىق شەرھلىدى ھەم كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن چوڭقۇر سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

بورتالا ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى خەلق ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى جاڭ چاۋنەن مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە كەلگۈسى نىشانىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارمىقىدىكى كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كېيىنكى خىزمەتلەردە بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىمەن، ئەمەلىيلەشتۈرىمەن».

**(مۇخبىرىمىز رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۈن، سۈڭ ياۋېن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار زو شياۋيۇ، لى ۋېي، چېن يۈيېن)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا «نىزام»نىڭ روھى ۋە تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيەنىڭ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدە قىلىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك. پارتىيەنى تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تۈزۈم سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلارنى «نىزام»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە سېلىپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇل كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتتۈپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ كۈنى، شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزى شەھەر پىلانلاش سارىيىغا كېلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش كۆرگەزمە سارىيى، ئۈرۈمچى شەھىرى پىلانلاش كۆرگەزمە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاتناش غول يول تورى يىرىك پىلانى ۋە نەنمېن، بېيمېن رايونىنىڭ مەنزىرىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش لايىھەسىنى تەتقىق قىلدى. ئارقىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى(2 ـ قارارلىق) تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى «شەرققە ئۇزارتىش، غەربكە كىرگۈزۈش، جەنۇبنى تىزگىنلەش، شىمالغا كېڭەيتىش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ شەھەر قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئەتراپتىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، لېكىن قاتناش ئومۇمىي سىغىم كۆلىمى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قاتناش شەھەرنىڭ راھەتلىك، ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرى، ئارزۇسىنى چۆرىدەپ، شەھەر يول تورىنى ئىلمىي پىلانلاپ، توسالغۇسىز تېز سۈرئەتلىك يولنى تۇتاشتۇرۇپ، كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش قاتارلىق شەھەر تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىپ، ئۆزئارا تۇتاشقان، تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قاتناش تورىنى تىرىشىپ قۇرۇپ، شەھەرنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى ۋە راۋانلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سېلىنما سالمىقىنى زورايتىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق قاتناش باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاقىل شەھەر بەرپا قىلىش كېرەك.

نەنمېن بىلەن بېيمېن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سودا، مەدەنىيەت ۋە قاتناش يادرولۇق رايونىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى رېلسلىق قاتناش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ رايوننىڭ مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: نەنمېن بىلەن بېيمېن ئۈرۈمچىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولماقتا، شەھەرنىڭ يارقىن نۇقتىلىرى، مەنزىرىلىرىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەرلىك خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شەھەر مەدەنىيەت تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى(2 ـ قارارلىق) شىمگۇ رايونى سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، پىلانلانغان ئومۇمىي يەر ئىشلىتىش كۆلىمى 109 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر. شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: نان شىنجاڭنىڭ خاس يېمەكلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاۋامنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا كەڭ تۈرتكە بولدى، كۆلەملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئەلالاشتۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، نان كەسپىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ زىچ ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ باشلامچىلىق، تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، پىلانلاش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشچانلىقى، قانۇنىيەتلىكى، باسقۇچلۇقلۇقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، شەھەرنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك رايونلىرىنىڭ ئورنىنى ئىلمىي بېكىتىشى كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەرنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئامانلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئىدىيە ـ تەپەككۇردا، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا، ئۇسۇل ـ ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، قانۇنچىللىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قەتئىي، كەسكىن قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشنى ساقلاش كېرەك؛ خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يېڭى ئېھتىياجى، يېڭى ئارزۇسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىشتا سىجىل كۈچەپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت ـ قانۇن پايدىسى، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى، ئىنتىپاقلىشىش ـ غەمخورلۇق قىلىش تەدبىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تىرىشىپ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولغان جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك؛ تۆۋەن چەك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش، نۇقتىلىق تۈزەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى ئەڭ زور چەكتە قوغداش كېرەك؛ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامانلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئېنىق يۆنىلىش تۇرغۇزۇپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى باھالاشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە پوزىتسىيەسى پاسسىپ بولغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، قالايمىقان ئىش قىلغان، ھەتتا مەسىلە كۆرۈلگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقى ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن، ئىنتىزام بويىچە قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. تەشۋىقات خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.